## 37753 ـ تەراۋىھ نامىزىدىن كېيىن جامائەت شەكلىدە دۇئا قىلىش توغرىسىدا

### سۇئال

تەراۋىھ نامىزى ، تەراۋىھ نامىزى توغرىسىدا پەيدا بولغان بىدئەتلەر ۋە تەراۋىھ نامىزىدىن كېيىن جامائەت شەكلىدە دۇئا قىلىش توغرىسىدا بايان قىلىنغان سەھىھ ھەدىسلەر بولسا بايان قىلىپ بەرگەن بولساڭلار؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سوئالنىڭ بىرىنچى تارمىقى ئۈچۈن تور بېكىتىمىزنىڭ روزا توغرىسىدىكى كۆزنىكىدىن تەراۋىھ نامىزى ۋە قەدىر كېچى دېگەن تېمىسىغا مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

ئەمما تەراۋىھ نامىزىدىن كېيىن جامائەت شەكلىدە دۇئا قىلىش بولسا كېيىن پەيدا بولغان بىدئەت ئىشلاردىن بولۇپ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:كىمكى دىنى ئىشلاردا بىز بۇيرۇمىغان ئىشلارنى قىلىدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ قىلمىشى رەت قىلىنىدۇ. [مۇسلىم رىۋايىتى3243-ھەدىس].

تەراۋىھ نامىزىدىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيهىسسالامنىڭ:سۇبھانە مەلىكۇل قۇددۇس دېگەن سۆزنى ئۈچ قېتىم دېگەنلىكى، ئۈچىنچى قېتىمدا يۇقىرى ئاۋازدا دېگەنلىكرىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئۇبەي ئىبنى كەئەب رەزىيەللاھۇئەنهۇ ھەدىس بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيهىسسالام ۋىتىر نامىزىداسەببە ھىسمە رەببىكەل ئەئلا، قۇل يا ئەييۇھەل كاپىرۇن ۋە قۇل ھۇۋاللاھۇ ئەھەد قاتارلىق سۈرىلەرنى ئوقۇيتتى، سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن: سۇبھانە مەلىكۇل قۇددۇس، سۇبھانە مەلىكۇل قۇددۇس، سۇبھانە مەلىكۇل قۇددۇس دەپ ئاخىرىدا ئاۋازىنى يۇقىرى قىلاتتى. [بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد14929-ھەدىستە، ئەبۇ داۋۇد1430-ھەدىستە، نەسائى1699-نومۇرلۇق ھەدىستە رىۋايەت قىلغان. شەيخ ئەلبانى رەھىمەھۇللاھ نەسائىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا(1653) كەلتۈرگەن].

ئۇبەي ئىبنى كەئەب رەزىيەللاھۇئەنهۇنىڭ ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنهۇنىڭ دەۋرىدە جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز قىلغىنىنىغا ئوخشاش، ۋىتىر نامىزىدا ئىمام قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇيدۇ، جامائەتلەر ئىمامغا ئەگىشىپ، ئىمامنىڭ كەينىدە ئامىن دەيدۇ، بۇ نامازدىن كېيىن جامائەت بولۇپ دۇئا قىلىشتىن ئىبارەت بولغان بىدئەت ئىشتىن بىهاجەت قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.